


قەشقەر ۋىلايىتى:

# سۈرئەتنى قوغلىشىش ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش نامراتلىق يىلتىزىنى يۇلۇپ تاشلاش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خەن چىنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: «پارنىكتىكى توغاچلار بازارغا سېلىنىشقا باشلىدى، 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا سېتىپ بولىمەن، بۇ 12 پارنىكتىكى توغاچتىن 70 ـ 80 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايمەن.» 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يەكەن ناھىيەسى يېڭىئۆستەڭ يېزىسى يېڭىئۆستەڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئامىنە تۇرسۇن پارنىكتىكى توغاچلارغا قاراپ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «توغاچلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپ مېۋە بېرىۋاتىدۇ، بۇ يىل ئائىلىمىز چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇ».

«ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى بولغان قەشقەر ۋىلايىتىدە بۇ يىل يەنە تۆت ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشكە، 293 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈشكە، 77 مىڭ 200 نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كىشىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، شۇنداقلا 293 نامرات كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشىغا پايدىسىز تەسىر ئېلىپ كەلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، دەل جايىدا كۈچەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، نامراتلىق يىلتىزىنى يۇلۇپ تاشلاش، نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشكە كۈچەپ، سۈرئەت قوغلىشىپ، ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش باشلىنىشى بىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار ئۆزى ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلەشكەن نامرات كەنتلەرگە چۆككۈر چۆكۈپ، قوشقاچ ئوپېراتسىيەسى شەكلىدە كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمەت لايىھەسى، «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر»، «بىر ئادەمگە بىر ئىش ئورنى» بولۇش لايىھەسىنى بىر ـ بىرلەپ تەھلىل قىلىپ، پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، رەتلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەم بەردى.

«پۈتۈن ۋىلايەتتە 40تىن ئارتۇق نازىر دەرىجىلىك رەھبىري كادىر، 250 تىن ئارتۇق ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىري كادىر نامراتلىقتىن چېكىنمىگەن كەنتلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق تارماقلار ھەم ناھىيە، يېزىلاردىكى 1500دىن ئارتۇق رەھبىري كادىر نامراتلىقتىن چېكىنگەن كەنتلەر، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار نامرات ئەمەس كەنتلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بىلەن تولۇق قاپلىدى.» قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ شىنگې مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، چوڭ ھەل قىلغۇچ جەڭ ھالىتىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملايمىز».

يەكەن ناھىيەسى پەكچى يېزىسى پەكچى كەنتى يېڭىڭ مايسا يېتىشتۈرۈش دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مايسا يېتىشتۈرۈش بازىسىدا، كەنت ئاھالىسى ئىمىن توختى كۆكتات مايسىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىۋاتاتتى. «بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن پۇل تېپىپ بىر تەرەپتىن تېخنىكا ئۆگەندىم، ھازىر نۇرغۇن تېخنىكىنى ئىگىلىدىم، ئايلىق مائاشىم 4000 يۈەن» دېدى ئىمىن خۇشال ھالدا.

ئىمىن پەكچى كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، ئىلگىرى تېخنىكىسى كەمچىل بولغاچقا، ئىنچىل ئۆيىدە دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن، كىرىمى كۆپ ئەمەس ئىدى. ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلىدى، يەنە تېخنىكا ئۆگەندى، مائاشى بارغانسېرى ئۆستى. ھازىر ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كېلىپ ئىشلەپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

ئىمىن ئەر ـ خوتۇندىكى ئۆزگىرىش ناھىيە ئەھۋالى، يېزا ئەھۋالى، كەنت ئەھۋالى، ئائىلە ئەھۋالى ۋە ھەربىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ۋىۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش لايىھەسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدىن بولغان.

قاغىلىق ناھىيەسى تېتىر يېزىسى تۆۋەن چاقا كەنتىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن137 ئائىلىلىك 567 نامرات كىشى بار، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق كىرىمى تۆۋەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى تار بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى كەسىپ تەرەققىيات يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېزا شەھەر ئەتراپىغا يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ پارنىك كۆكتاتچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق خىزمەت ئەترىتى، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى شياڭگۇ ئۆستۈرۈشنىڭ سېلىنما ئاز كېتىدىغان، ئايلىنىشى تېز، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كىرىمنى ئاشۇرۇش تۈرى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى پارنىك باشقۇرۇش تەجرىبىسى بار كەنت ئاھالىسى مەمەتئېزىز ئۆمەرنى باشلامچى بولۇپ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، سىناق قىلىپ تېرىشقا سەپەرۋەر قىلدى ھەم مۇتەخەسسىسلەرنى زەمبۇرۇغ تاياقچىسى ياساش، يىغىۋېلىش، سېتىش قاتارلىق ھالقىلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

«ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ھازىر 10 مىڭ زەمبۇرۇغ تاياقچىسى بار، بىر زەمبۇرۇغ تاياقچىسىدىن بىر كىلوگرام شياڭگۇ ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، بىر كىلوگرامنىڭ توپ باھاسى 15 يۈەن، بىر پارنىكتىن يىلىغا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 20 مىڭ يۈەندىن 30 مىڭ يۈەنگىچە كىرىم قىلغىلى بولىدۇ» دېدى مەمەتئېزىز.

ھازىر ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئۈچ تاللا بازىرى بىلەن سېتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

نۆۋەتتە، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 293 نامرات كەنت ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئۇلنى پۇختىلاپ، كەلگۈسى پىلان تۈزمەكتە، ھەر دەرىجىلىك «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»لىرى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كەسىپ ئاساسىنى پۇختىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرمەكتە.

## كەنتتىكى «تۇخۇم ساتقۇچى»

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى، خەۋىرى

«ليۇ ھەدە، بۇ سىزنىڭ تۇخۇمىڭىزنىڭ پۇلى.» 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ۋېي شىڭلۇڭ كەنت ئاھالىسى ليۇ گۈيلىڭغا ياردەملىشىپ ساتقان تۇخۇمنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ۋېي شىڭلۇڭ بورتالا بانكا ـ سۇغۇرتا نازارەتچىلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ بورتالا شەھىرى شويىڭپەن بازىرى ئۇمكە بۇلاق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى. بىر قېتىملىق زىيارەتتە، ئۇ كەنت ئاھالىسى ليۇ گۈيلىڭنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ئائىلىسىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئىگىلىدى. ۋېي شىڭلۇڭ باشقا ئەترەت ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ باقمىچىلىق تۈرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

چۈجە ئاپىرىپ بەردى، كاتەك ياسىدى، باقمىچىلىق تېخنىكىلىرىنى تەكلىپ قىلدى، ۋېي شىڭلۇڭنىڭ ياردىمىدە، ليۇ گۈيلىڭ ئائىلىسىنىڭ توخۇلىرى ناھايىتى تېزلا تۇخۇملاشقا باشلىدى، لېكىن تۇخۇمنى سېتىش يەنە بىر مەسىلىگە ئايلاندى.

«كۆپچىلىك تېز كېلىپ كۆرۈڭلار، بۇ بىزنىڭ كەنتنىڭ يەرلىك تۇخۇمى، بىرسى 1.5 يۈەن.» ۋېي شىڭلۇڭنىڭ دوستلار چەمبىرىكى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر توپىدا ھەر كۈنى بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. توردا تۇخۇم سېتىش ئۇچۇرى ئېلان قىلدى، تور سىرتىدا، ۋېي شىڭلۇڭ يەنە بورتالا شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئاشخانىلار، مېھمانسارايلارغا بېرىپ ساتتى. بارا ـ بارا تۇخۇم سېتىشتا ئۈنۈم كۆرۈلدى، بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرىمۇ ۋېي شىڭلۇڭنى ئىزدەپ كېلىپ تۇخۇم ساتتى، ئۇ كەنتتىكى «تۇخۇم ساتقۇچى» بولۇپ قالدى.

تۇخۇمنىڭ سېتىلىشىدىن غەم قىلمىغاچقا، ليۇ گۈيلىڭنىڭ چىرايىدا يەنە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. بۇ يىل، ئۇ يەنە تۇخۇم توخۇسى بېقىش كۆلىمىنى كېڭەيتتى. «ھازىر كۈنلىرىم كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى ليۇ گۈيلىڭ.

«شياۋ ۋېي ماڭا ھەقىقەتەن چوڭ ياردەم قىلدى!» نامرات ئائىلە لى چېڭجۇ ئاشلىق تېرىش ماھىرى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشنى ئىنچىل ئويلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەبلىغى يېتىشمەيتتى. ۋېي شىڭلۇڭ ئۇنىڭ ئاز سوممىلىق نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى ئېلىشىغا ياردەم بەردى. «شياۋ ۋېينىڭ ياردىمىدە، مەن 600مىڭ يۈەن پۇل قەرز ئالدىم، بۇ يىل مەن 410 مو يەرنى ھۆددىگە ئالدىم» دېدى لى چېڭجۇ.



5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ۋېي شىڭلۇڭ (ئوڭدا) كەنت كادىرى بىلەن بىللە توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇخۇم سېتىشىغا ياردەم بەرمەكتە.



5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ۋېي شىڭلۇڭ (ئوڭدا) كەنت ئاھالىسى لى چېڭجۇ بىلەن بىللە خىمىيەۋى ئوغۇت يۆتكىمەكتە.



5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ۋېي شىڭلۇڭ (سولدا) قوشماقلاشقان تۇغقىنى ساۋۇتجاننىڭ كالا قوتىنى سېلىشىغا ياردەملەشمەكتە.

كەنتتە تۇرغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ۋېي شىڭلۇڭ كەنتتە «ناتونۇش ئادەم»دىن كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان «شياۋ ۋېي» غا ئايلاندى.

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ياخشى كۈن كەچۈرۈشىگە ياردەم بېرەلىسەم، مەندىمۇ مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى بولىدۇ» دېدى ۋېي شىڭلۇڭ.

سۈرەتلىك ھېكايە

# بۇزاق يېزىسىدىكى كەچلىك بازاردا تىجارەت باشلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇداپىئەنى ياخشى قىلىشقا يېتەكلىدى، كەچلىك بازارنىڭ كىرىش ئېغىزىدا يەنە مەخسۇس ئادەم بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى.

كەچلىك بازارغا كىرىشىمىزگە، ھەر خىل مەززىلىك تائاملارنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماققا ئۇرۇلدى. قېتىق زۇڭزا، مالاچۆپ، ئەسلىي تەملىك ئۆپكە ـ ھېسىپ، ياغاچ كۆمۈردە پىشۇرۇلغان باچكا كاۋىپى... كىشىنىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرىدىغان ھەر خىل خاس ئۇششاق يېمەكلىكلەر كۆزنى ئالاچەكمەن قىلاتتى.

بۇزاق يېزىسىدىكى كەچلىك بازاردا 116 يايما ئورنى بار بولۇپ، بۇزاق يېزىسى كۈچەپ بەرپا قىلغان ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىسى ئىدى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قىيىنچىلىقى بار 50 نەچچە ئائىلە بۇ يەردە تىجارەت قىلدى. بۇ يەر كۈندۈزى دېھقانچىلىق سودا بازىرى، ھەر كۈنى تۈن پەردىسى يېيىلغاندا، بۇ يەر داۋاملىق رەڭدار تۈسكە كىرىپ، جانلىق كېچىلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

بۇزاق يېزىسى خوتەن ناھىيەسىنىڭ ياڭاق ماكانى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇزاق يېزىسىنىڭ يېزا مۇھىتى بارغانسېرى گۈزەللەشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەخت تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ھەر تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ تەرەققىيات غەيرىتى ئاشتى.

كەچلىك بازار ئېچىلىپ ئىككى سائەت بولمايلا، 46 ياشلىق راشىدىن سالىنىڭ ئۆپكە ـ ھېسىپ يايمىسىدا كۆپ ئادەم قالمىغانىدى. «سىنىڭ يايماڭدا ئادەم يوققۇ؟» دەپ سورىدى كەچلىك بازارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بەكرى دۆلەت.

«ھەممىسىنى سېتىپ بولدۇم، ئەتىگەندە كۆپرەك تەييارلىمىغىنىمغا بەك پۇشايمان قىلىۋاتىمەن!» دېدى راشىدىن بېشىنى چايقاپ ئەپسۇسلانغان ھالدا.

راشىدىن نامرات ئائىلە ئىدى، ئىلگىرى پارچە ـ پۇرات ئىش قىلىپ كۈن كەچۈرەتتى، بۇلتۇر، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيۇش ھۈنىرىنى قايتا قولغا ئالدى. تەمى ياخشى، مىقدارى يېتەرلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ يايمىسى كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

راشىدىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئائىلەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، «كەچلىك بازاردا يايما ئاچسام، ھۆكۈمەت يايما ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى، بۇنىڭغا كۆپ رەھمەت!»

كەچلىك بازارنى ئايلىنىۋاتقان بۇزاق يېزىسى سىيۇەن نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلەر باغچىسىنىڭ خىزمەتچىسى ماھىرە ئېزىزنىڭ مۇخبىرغا دېيىشىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئۇ ئىنچىل ئۆيىدە تۇرۇپتۇ، ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ ۋە خىزمەتداشلىرى خىزمەت پۇرسىتىنى ئالاھىدە قەدىرلەپتۇ. «بۈگۈن كەچتە كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلىدىم، نەگە بېرىپ تاماق يېسەم بولار دەپ غەم قىلىۋاتقاندىم، تەلىيىمگە يارىشا كەچلىك بازار ئېچىلىپتۇ، تۇرمۇش ۋە خىزمەتنىڭ ھەممىسىدە ھاياتىي كۈچنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن».

بۇزاق يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى بىر مەسئۇل كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھەر كۈنى تىجارەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باشقۇرغۇچى خادىملار يايما ئىگىلىرىنىڭ تاماق ھارۋىسى قاتارلىقلارنى دېزىنفېكسىيەلەشنى نازارەت قىلىدىكەن، يەنە بازارنى سۇ پۈركۈپ يۇيىدىكەن، پۈركۈپ دېزىنفېكسىيە قىلىدىكەن، «بۇنداق بولغاندا، تىجارەتچىلەرمۇ خاتىرجەم تىجارەت قىلالايدۇ، كەچلىك بازارغا ئوينىغىلى كەلگەنلەرمۇ خاتىرجەم بولىدۇ» دېدى بۇ مەسئۇل كىشى.

كەچ سائەت 12دىن ئاشقان بولسىمۇ، خېرىدارلار يەنىلا تەرتىپ بويىچە كەچلىك بازارغا كىرمەكتە ئىدى، شوخ مۇزىكىغا ئەگىشىپ، يېزا ـ كەنت كەچلىك بازىرىدا چەكسىز جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇماقتا ئىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)